# جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ نىزامنامىسى

(جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ مەملىكەتلىك 18 ـ قۇرۇلتىيىدا قىسمەن تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، 2018 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ماقۇللاندى)

## ئومۇمىي پىرىنسىپ

جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ــــ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى ئىلغار ياشلارنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتى، كەڭ ياشلارنىڭ ئەمەلىيەت

جەريانىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمنى ئۆگىنىدىغان مەكتىپى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يادرەمچىسى ۋە زاپاس قوشۇنى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ــ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەڭ زور ئەۋزەللىكى. جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پروگراممىسىنى قەتئىي ھىمايە قىلىدۇ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى ۋە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ھەرىكەت

كۆرسەتمىسى قىلىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى پارتىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، راستچىل ـ ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت ياشلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، دۆلىتىمىزنى باي، دېموكراتىك، مەدەنىي، ئىناق، گۈزەل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، ئەڭ ئاخىرىدا كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ

رەھبەرلىكىدە تەرەققىي قىلىپ زورايغان، ئىنچىل ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ كەلگەن جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شەرەپلىك تارىخقا ئىگە. ئۇ يېڭى جۇڭگونى قۇرۇش، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئورنىتىش ۋە مۇستەھكەملەش، سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسىي ۋە مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش داۋامىدا جەڭگىۋارلىق ۋە زەربىدارلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيەگە زور بىر تۈركۈم يېڭى كۈچ ۋە خىزمەت تايانچلىرىنى تەربىيەلەپ يەتكۈزۈپ بەردى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى پارتىيە خىزمىتى مۇھىم نۇقتىسىنىڭ يۆتكىلىشىگە ئاساسەن، خىزمەتلەرنى ئىسلاھات ـ

ئىچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشۇپ، ياشلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغاندىن بۇيان، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى دەۋر تېمىسىنى زىچ چۆرىدەپ، قەتئىي ئىرادە بىلەن ئىسلاھ قىلىپ ۋە يېڭىلىق يارىتىپ، ئىتتىپاقنى قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كەڭ ياشلارنى پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئۇلۇغ كۈرەش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش، ئۇلۇغ ئىش ۋە ئۇلۇغ ئارزۇنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتىگە جاسارەت بىلەن ئاتلىنىشقا ئىتتىپاقلاشتۇردى ۋە

يېتەكلىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيەنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، سىياسىيلىقى، ئىلغارلىقى، ئاممىۋىلىقىنى ھەقىقىي ساقلاپ ۋە كۈچەيتىپ، سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى تەربىيەلەشنى تۈپ ۋەزىپە، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى ياشلار

ئاممىۋى ئاساسىنى پۇختىلاش ۋە زورايتىشنى سىياسىي مەسئۇلىيەت، مەركىزىي ۋەزىپىنى چۆرىدەپ، ئومۇمىيەتكە مۇلازىمەت قىلىشنى خىزمەتنىڭ ئاساسىي لىنىيەسى قىلىپ، ياشلارنى سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت سىستېمىسى بىلەن تەربىيەلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى داۋامىدا غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان ياشلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، پارتىيەگە تىرىشىپ يېڭى قان يەتكۈزۈپ بېرىپ، دۆلەتكە ئىختىساسلىق ياش قۇرغۇچىلارنى تەربىيەلەپ بېرىپ، كەڭ ياشلارنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، سىياسىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت

قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىغا پائال تۆرتكە بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھالللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئەمەلىيىتىگە ئاكتىپلىق بىلەن ئاتلىنىپ، «ئىككى 100 يىل »لىق كۆرەش نىشانىغا يېتىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىنى بېغىشلاش.

جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى ئۆزى قانات

يايدۇرغان بارلىق خىزمەتلەرگە سىڭدۈرىدۇ. ياشلارنى ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى ۋە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەيدۇ، پارتىيەنىڭ ئاساسىي لۇشيەن تەربىيەسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم ۋە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى تەربىيەسى، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى تەربىيەسى، جۇڭخۇا ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى، ئىنقىلاب مەدەنىيىتى ۋە سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەت تەربىيەسى، يېقىنقى زامان تارىخى، هازىرقى زامان تارىخى تەربىيەسى ۋە دۆلەت ئەھۋالى تەربىيەسى،

دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىللىق تەربىيەسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ياشلارنىڭ مىللىي غۇرۇرى، ئىشەنچى ۋە قۇدرەت تېپىش روھىنى ئاشۇرۇپ، توغرا غايە ــ ئېتىقاد، دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، ياشلارنى مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ئۇلۇغ ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالىدىغان يېڭى دەۋر كىشىلىرىگە تەربىيىلەپ ئايلاندۇرىدۇ. ئىنتىپاق ئەزالىرىغا چوقۇم جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئورتاق غايىسى ۋە كوممۇنىزم ئۇلۇغۋار غايىسى تەربىيەسى بېرىدۇ. ياشلارنىڭ زامانىۋى پەن ــ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى

ياراتقان بارلىق مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئەينەك قىلىشغا، كاپىتالىزم ۋە فېئودالىزمنىڭ چىرىك ئىدىيەلىرىنىڭ چىرىتىشىگە تاقابىل تۇرۇشغا تىرىشىپ ياردەم بېرىپ، ياشلارنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق ساپاسى ۋە پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ياشلارنى ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي تەرەققىيات داۋامىدا جەڭگىۋارلىق ۋە زەربىدارلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەيدۇ. جەمئىيەتىمىزدىكى ئاساسىي زىددىيەتنىڭ خەلقنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ئۆزگەرگەنلىكىنى

زىچ چۆرىدەپ، ياشلارنى ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتىگە قاتنىشىشقا تەشكىللەپ، ئىجادىي، ماس، يېشىل، ئوچۇق، ھەمبەھرە تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەتنى پەن ـ مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى، دۆلەتنى ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق قۇدرەت تاپتۇرۇش ئىستراتېگىيەسى، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسى، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى، رايونلار ماس تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى، ئارمىيە ـ خەلق يۇغۇرما تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پەن ـ

تېخنىكا 1 ـ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىياتنى يېتەكلەيدىغان 1 ـ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ دېگەن كۆز قاراشنى تۇرغۇزۇپ، ئىلغار پەن ـ تېخنىكىنى ئىگىلەپ ۋە قوللىنىپ، زامانىۋى باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ ۋە ئۇنىڭغا ئۇيغۇنلىشىپ، سەممىي ئەمگەك قىلىپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ياشلارنى پارتىيە باشقۇرۇش پىرىنسىپىنى

ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ياشلار بىلەن ئالاقە باغلاشتىكى كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاستىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ئۈچۈن ياشلار ئاممىۋى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدۇ. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياشلارغا ئالاقىدار ئىشلارنى باشقۇرۇشىغا پائال ھەمكارلىشىپ، ياشلار تەرەققىياتى يىرىك پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ماسلىشىپ ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئۆستەڭ ئېلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان جامائەت فۇنكسىيەلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆستەڭ ئېلىپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا مۇلازىمەت قىلىدۇ. دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش بىلەن بىر ۋاقىتتا ياشلارنىڭ كونكرېت مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك

قىلىدۇ ۋە ئۇنى قوغدايدۇ، پارتىيەنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا ياشلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مۇستەقىل پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرىدۇ، ياشلارنىڭ خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشىغا غەمخورلۇق قىلىپ، ياشلارغا ھەقىقىي خىزمەت قىلىدۇ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ياشلارنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىدۇ، ئىجتىمائىي نازارەتچىلىكنى قانات يايدۇرۇپ، ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە زىيان يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك ھادىسىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىپ، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى قوغدايدۇ ۋە ئىلگىرى سۈرىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ،

مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت ياشلىرى ئارىسىدىكى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ۋە ئىناقلىقنى قەتئىي قوغداپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەيدۇ؛ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدىكى ياش قېرىنداشلار، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدىكى ياش قېرىنداشلار، تەيۋەنلىك ياش قېرىنداشلار ۋە چەت ئەللەردىكى ياش مۇھاجىر قېرىنداشلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، «بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم بولۇش» فاڭجېنى بويىچە، شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ ئۇزاققىچە گۈللىنىشى ۋە مۇقىم بولۇشىنى، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇلۇغ ئىشىنىڭ ئورۇنلىنىشىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى دۆلىتىمىزنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش، تىنچ ـ دوستانە ئۆتۈش، مۇستەقىل ـ ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش، ئۆزئارا ئۆگىنىش، باراۋەر ھەمكارلىشىش، ئورتاق راۋاجلىنىشتا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، توغرا ھەققانىيەت ـ مەنپەئەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل ياشلار تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان ئالاقە ۋە دوستانە مۇناسىۋەتنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىپ ۋە تۈرتكە بولۇپ، زومىگەرلىك ۋە زوراۋانلىق سىياسىيسىغا قارشى تۇرۇپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى قوغداپ، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنسانىيەت

تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى يېڭى دەۋردىكى ئاساسىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتا، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئاممىۋى تەشكىلات تەرەققىيات يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، سىياسىيلىقتىن ئىبارەت روھنى ئىگىلەپ، ئىلغارلىقتىن ئىبارەت مۇھىم كۈچەش نۇقتىسىنى نىشانلاپ، ئاممىۋىلىقتىن ئىبارەت تۈپ ئالاھىدىلىكنى مەۋقە قىلىپ، ئىتتىپاق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىتتىپاقنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىپ، ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلمىيلىشىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى شەرت. ئېسىل ئەنئەنە ۋە ئىستىلنى جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەتنى

جانلىق، تېتىك، ئىجادىي قانات يايدۇرۇپ، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنى ياشلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان ۋە تەربىيەلەيدىغان كۈچلۈك يادرو قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى كېرەك. ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىدا تۆۋەندىكى ئاساسىي تەلەپلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇش شەرت:

(1) پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. پۈتۈن ئىتتىپاق پارتىيەنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى دىڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيەنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ئاساسىدا بىرلىككە

كەلتۈرۈپ، ئىتتىپاقىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزگە بويسۇندۇرۇشى ۋە خىزمەت قىلدۇرۇشى شەرت، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش بىلەن تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىتتىپاق خىزمىتىدە ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشى شەرت. سىياسىي ئاڭ، ئومۇمىيەت ئېڭى، يادرو ئېڭى، بىردەكلىك ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە پۈتۈن پارتىيەدىكى يادرولۇق ئورنىنى قەتئىي قوغداپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلەشكەن بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قەتئىي ھىمايە

قىلىپ، پارتىيەنىڭ ئىرادىسى ۋە تەشەببۇسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي ئىنتىزام ۋە سىياسىي قائىدىگە قەتئىي ئەمەل قىلىشى لازىم. پارتىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىدا پارتىيەنىڭ تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىنى پارتىيە قۇرۇلۇشى ئومۇمىي يىرىك پىلانىغا كىرگۈزۈپ، تەڭ ئورۇنلاشتۇرۇش، تەڭ تەكشۈرۈش، تەڭ خۇلاسىلەش لازىم.

(2) ياشلارنىڭ توغرا غايە، مۇستەھكەم ئېتىقاد تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بېرىشنى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش

ئۇچۇن كۈرەش قىلىشتەك دەۋر باش تېمىسىنى غايە ـ ئېتىقاد يۈكسەكلىكىدىن چىڭ ئىگىلەپ، كەڭ ياشلارنىڭ تارىخىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە كۈرەش روھىنى ئۇرغۇتۇپ، كەڭ ياشلارنى دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىشقا تەشكىللەش ۋە سەپەرۋەر قىلىش شەرت. ئىنتىزام ئەزالىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاش ۋە كۈچەيتىشتىن ئىبارەت دەۋر تېمىسىنى چۆرىدەپ، ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ شەرەپ تۇيغۇسىنى ھەقىقىي ئاشۇرۇپ، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

(3) ياشلارغا مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت خىزمەتنىڭ جان تومۇرىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ياشلارنى مەركەز قىلىپ، ياشلارنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، مۇلازىمەت ئېڭىنى

كۆچەيتىپ، مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، مۇلازىمەت بايلىقىنى قېزىپ، ياشلارنى تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەر ئارقىلىق غەمدىن خالاس قىلىپ، قىيىنچىلىقى بار ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرگە تېخىمۇ كۆپ غەمخورلۇق قىلىپ ۋە ياردەم بېرىپ، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداپ، ئىتتىپاق تەشكىلاتىنى ياشلار قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغاندا ئويلايدىغان، تاپالايدىغان ئىشەنچلىك كۆچكە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

(4) دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى — كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ تۈپ تەشكىلىي پرىنسىپى. دېموكراتىيەنى تولۇق جارى

قىلدۇرۇپ، ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ سۇبيېكتىلىق ئورنىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم. توغرا مەركەزلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇپ، تەشكىللىك ۋە ئىنتىزامچانلىقنى كۈچەيتىپ، ئىتتىپاق قارارلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(5) ئىسلاھ قىلىش ـ يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئىسلاھاتىغا قويغان تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەشكىلات ۋە خىزمەتتە يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىتتىپاقنىڭ جەلپكارلىقى ۋە ئۇيۇشقاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، ئىتتىپاق خىزمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك قاپلاش دائىرىسىنى

ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش لازىم. ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى — ئىتتىپاقنىڭ بارلىق خىزمىتىنىڭ ئاساسى. ئىتتىپاقنىڭ رەھبەرلىك ئورگانلىرى ئاساسىي قاتلامنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ئەمەلىي ئىشلەش، ئەمەلىيەتچىل بولۇش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاساسىي قاتلامغا مۇلازىمەت قىلىپ، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى قەتئىي بوشاشماي چىڭ تۇتۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇشى كېرەك.

(6) ئىتتىپاقنى قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. قاتتىق ئۆلچەم، قاتتىق تەدبىرنى ئىتتىپاقنى قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ پۈتۈن جەريانى ۋە ھەرقايسى تەرەپلىرىگە

سىڭدۈرۈش لازىم. ئىتتىپاقنى قائىدە ـ نىزام بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىتتىپاقنىڭ ئىچكى قائىدە ـ تۈزۈم سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئىشنى ئىتتىپاق كادىرلىرىنى قاتتىق باشقۇرۇشتىن باشلاپ، ئىتتىپاقنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى ۋە رەھبىرىي كادىرلىرىنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشنى نۇقتىلىق كۈچەيتىپ، ئورگانلىشىش، مەمۇرىيلىشىش، ئاقسۆڭەكلىشىش، كۆڭۈل ئېچىشقا ئايلاندۇرۇۋېتىش خاھىشىغا قەتئىي قارشى تۇرۇش لازىم. سىياسىيلىق، دەۋرچانلىق، پىرىنسىپاللىق، جەڭگىۋارلىقنى كۈچەيتىش تەلىپى بويىچە، ئىتتىپاق ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشنى كۈچەيتىپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ، ئىتتىپاق ئىچىدىكى ئاكتىپ،

ساغلام سىياسىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىستىل دۈزۈس، كەيپىيات توغرا بولغان ياخشى سىياسىي ئېكولوگىيە يارىتىش لازىم.

جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ، ئىتتىپاقنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىتتىپاقنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە جۇڭگو پىيونېرلار ئەترىتىنىڭ

خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ يادرولۇق كوللېكتىپ ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

## 1 ـ باب ئىتتىپاق ئەزالىرى

**1 ـ ماددا** يېشى 14تىن يۇقىرى 28دىن تۆۋەن جۇڭگو ياشلىرىدىن ئىتتىپاق نىزامنامىسىنى ئېتىراپ قىلىدىغان، ئىتتىپاقنىڭ

بىرەر تەشكىلاتىغا قاتنىششىنى ھەمدە ئۇنىڭدا ئاكتىپ ئىشلەشنى، ئىتتىپاقنىڭ قارارلىرىنى ئىجرا قىلىشنى ۋە ۋاقتى ـ قەرەلىدە ئەزالىق بەدىلى تاپشۇرۇشنى خالايدىغانلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

28 ياشقا توشقان ئىتتىپاق ئەزالىرىدىن ئىتتىپاق ئىچىدە ۋەزىپىسى بولمىغانلىرى ئىتتىپاقتىن چىكىنىش رەسمىيىتىنى ئۆتىشى لازىم.

ئىتتىپاق ئەزالىرى كوممۇنىستىك پارتىيەگە كىرگەندىن كېيىنمۇ ئىتتىپاق تەۋەلىكى ساقلاپ قېلىنىدۇ، يېشى 28گە توشقاندا، ئىتتىپاق ئىچىدە ۋەزىپىسى بولمىسا، ئىتتىپاق تەۋەلىكى ساقلاپ قېلىنمايدۇ.

**2 ـ ماددا** ئىتتىپاق ئەزالىرى تۆۋەندىكى

مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشى شەرت:
(1) ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى ۋە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىتتىپاقنىڭ ئاساسىي بىلىملىرىنى، پەن ـ مەدەنىيەت، قانۇن ۋە كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ماھارىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك.
(2) پارتىيەنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشى ۋە ئىجرا قىلىشى، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش

قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىشى، ئىنتىپاق تەشكىلاتى تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئورۇندىشى، ئۆگىنىش، ئەمگەك، خىزمەت ۋە باشقا ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە نەمۇنىلىك رول ئوينىشى لازىم.

(3) دۆلەتنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرى ۋە ئىتتىپاقنىڭ ئىنتىزامىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، ئىتتىپاقنىڭ قارارلىرىنى ئىجرا قىلىپ، سوتسىيالىستىك يېڭى خىسلەتنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى ئىدىيىلار مۇلازىمىتىگە پائال قاتنىشىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى ۋە سوتسىيالىستىك شەرەپ ـ نومۇس قارىشىنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، كوممۇنىستىك ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى

قوغداپ، دۆلەتنىڭ مال ــ مۈلكى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىشى كېرەك.

(4) دۆلەت مۇداپىئە تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىپ، دۆلەت مۇداپىئە ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننى قوغداش مەجبۇرىيىتىنى ئاكتىپ ئادا قىلىشى لازىم.

(5) خەلق ئاممىسىدىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، ياشلارنىڭ ئالغا بېسىشىغا قىزغىنلىق بىلەن ياردەم بېرىپ، ياشلارنىڭ پىكىر ــ تەلەپلىرىنى ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىشى كېرەك.

(6) تەنقىد ۋە ئۆز ــ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، خاتا سۆز ــ ھەرىكەتلەرنى دادىل پاش قىلىپ ۋە تۈزىتىپ،

كەمچىلىك ۋە خاتالىقنى دادىل تۈزىتىپ، ئىتتىپاقلىقنى ئاڭلىق قوغدىشى لازىم.

**3 ـ ماددا** ئىتتىپاق ئەزالىرى تۆۋەندىكى ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ:

(1) ئىتتىپاقنىڭ ئالاقىدار يىغىنلىرىغا ۋە ئىتتىپاق تەشكىلاتى قانات يايدۇرغان پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدۇ، ئىتتىپاق تەشكىلاتىنىڭ تەربىيەسى ۋە يېتىشتۈرۈشىنى قوبۇل قىلىدۇ.

(2) ئىتتىپاق ئىچىدە سايلاش ھوقۇقى، سايلىنىش ھوقۇقى ۋە ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

(3) ئىتتىپاق يىغىنلىرى ۋە ئىتتىپاق تاراتقۇلىرىدا ئىتتىپاق خىزمىتى ۋە ياشلار كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان مۇھاكىمىگە قاتنىشىدۇ، ئىتتىپاق

خىزمىتىگە تەكلىپ بېرىدۇ، ئىتتىپاقنىڭ رەھبەرلىك ئورگانلىرى ۋە ئىتتىپاق خىزمەتچىلىرىنى نازارەت قىلىدۇ ۋە تەنقىد قىلىدۇ.

(4) ئىتتىپاقنىڭ قارارىغا باشقىچە پىكرى بولسا، قارارنى قەتئىي ئىجرا قىلىش شەرتى ئاستىدا، ئۆز پىكرىدە قالسا ھەمدە ئۆز پىكرىنى ئىتتىپاقنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىغا سۇنسا بولىدۇ.

(5) ئىتتىپاق تەشكىلاتىنىڭ ئۆزىگە بېرىلىدىغان جازانى مۇھاكىمە قىلىدىغان يىغىنىغا قاتنىشىدۇ ھەمدە ئۆزىنى ئاقلىسا بولىدۇ، باشقا ئىتتىپاق ئەزالىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىسپات كۆرسەتسە ۋە ئۇنى ئاقلىسا بولىدۇ.

(6) ئىتتىپاقنىڭ ھەرقانداق دەرىجىلىك

تەشكىلاتىغا، ھەتتا مەركىزىي كومىتېتىغىچە ئىلتىماس ۋە ئەرز ـ شىكايەت سۇنسا ھەمدە مۇناسىۋەتلىك تەشكىلاتنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

ئىتتىپاقنىڭ ھەرقانداق دەرىجىلىك تەشكىلاتىنىڭ ياكى ھەرقانداق شەخسنىڭ ئىتتىپاق ئەزالىرىنى ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش ھوقۇقى يوق.

**4 ـ ماددا** ئىتتىپاققا ئەزا قوبۇل قىلىشتا، سىياسىي ئۆلچەمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، تۆۋەندىكى رەسمىيەتلەرنى قاتتىق بېجىرىش شەرت:

(1) ئىتتىپاققا كىرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچى ياشقا 2 نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسى تونۇشتۇرغۇچى بولۇشى لازىم.

(2) تونۇشتۇرغۇچى تونۇشتۇرۇلغۇچىغا ئىتتىپاق نىزامنامىسىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشى، تونۇشتۇرۇلغۇچىنىڭ ئىدىيەسى، ئىپادىسى ۋە تارىخىنى ئىتتىپاق تەشكىلاتىغا چۈشەندۈرۈشى لازىم.

(3) ئىتتىپاققا كىرىشنى تەلەپ قىلغۇچى ياش ياچېيكا كومىتېتىغا ئىلتىماس سۇنۇپ، ئىتتىپاققا كىرىش تەلەپنامىسىنى تولدۇرۇشى كېرەك، ياچېيكا يىغىنى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىغان ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك كومىتېت تەستىقلىغاندىن كېيىن، ئىتتىپاق ئەزاسى بولغان بولىدۇ. ئىتتىپاققا كىرىشى تەستىقلانغان ياش ياچېيكا يىغىنى ماقۇللىغان كۈندىن ئېتىبارەن ئىتتىپاق تەۋەلىكىگە ئىگە بولىدۇ.

**5 ـ ماددا** يېڭى ئىتتىپاق ئەزاسى

ئىتتىپاقـقا كىرىـش مۇراسىمىغا قاتنىشىـپ، ئىتتىپاق بايرىقى ئالدىدا ئىتتىپاقـقا كىرىـش قەسىمى بېرىشى شەرت. قەسەمنامە مۇنداق: مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا ئۆز ئىختىيارىم بىلەن كىردىم، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قەتئىي ھىمايە قىلىمەن، ئىتتىپاق نىزامنامىسىگە ئەمەل قىلىمەن، ئىتتىپاقنىڭ قارارلىرىنى ئىجرا قىلىمەن، ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىمەن، ئىتتىپاق ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلىمەن، تىرىشىپ ئۆگىنىمەن، ئاكتىپ ئىشلەيمەن، جاپا چېكىشتە ئالدىدا، راھەت كۆرۈشتە ئارقىدا تۇرىمەن، كوممۇنىزم ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن.

**6 ـ ماددا** ئىتتىپاق ئەزاسى بىر ئاساسىي

قاتلام تەشكىلاتىدىن يەنە بىر ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىغا يۆتكەلسە، تەشكىلىي مۇناسىۋىتىنى يۆتكەش رەسمىيىتىنى ۋاقتىدا بېجىرىشى شەرت.

**7 ـ ماددا** ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئادا قىلغان، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ۋەتەننى قوغداش ئىشلىرى داۋامىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان ئىتتىپاق ئەزالىرىنى مۇكاپاتلىشى لازىم.

مۇكاپات مۇنداق بولىدۇ: ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلەش، ئىتتىپاقنىڭ مەركىزىي كومىتېتى، ئۆلكە، شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك كومىتېتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كومىتېتلىرى مۇنەۋۋەر كوممۇنىستىك

ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسى دەپ نام بېرىش.

**8 ـ ماددا** ئىتتىپاق ئەزاسى ئىتتىپاقتىن چىقىپ كېتىش ئەركىنلىكىگە ئىگە. ئىتتىپاق ئەزاسى ئىتتىپاقتىن چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىشتا، ياچېيكا كومىتېتىغا يازما دوكلات سۇنۇشى لازىم، رويخەتتىن ئۆچۈرۈشنى ياچېيكا يىغىنى قارار قىلىدۇ ھەمدە يۇقىرى دەرىجىلىك كومىتېتقا ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

ئىتتىپاق ئەزاسى ئورۇنسىز سەۋەبلەر بىلەن ئۇدا 6 ئايغىچە ئەزالىق بەدىلى تاپشۇرمىسا، ئىتتىپاقنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىغا قاتناشمىسا ياكى ئۇدا 6 ئايغىچە ئىتتىپاق تەشكىلاتى تەقسىم قىلغان خىزمەتنى ئىشلىمىسە، ئىتتىپاقتىن ئۆزلۈكىدىن ئايرىلغان ھېسابلىنىدۇ. ئىتتىپاقتىن ئۆزلۈكىدىن

ئايرىلغان ئىتتىپاق ئەزاسىغا قارىتا، ياچېيكا يىغىنى رويخەتتىن ئۆچۈرۈشنى قارار قىلىشى ھەمدە يۇقىرى دەرىجىلىك كومىتېتقا تەستىقلىتىشى لازىم.

**9 ـ ماددا** ئىتتىپاق تەشكىلاتى ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرى ئىتتىپاق كىنىشكىسىنى بەلگىلىمە بويىچە باشقۇرۇشى ۋە ئىشلىتىشى كېرەك.

# 2 ـ باب ئىتتىپاقنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمى

**10 ـ ماددا** جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى بويىچە تەشكىل قىلىنغان بىر پۈتۈن گەۋدە. ئىتتىپاقنىڭ

دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى مۇنۇلار:

(1) ئىتتىپاق ئەزاسى تەشكىلگە بويسۇنىدۇ، ئاز سانلىق كۆپ سانلىققا بويسۇنىدۇ، تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلات يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتقا بويسۇنىدۇ.

(2) ئىتتىپاقنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى ۋە ئۇ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن مەركىزىي كومىتېت ئىتتىپاقنىڭ مەملىكەتلىك رەھبەرلىك ئورگىنىدۇر. تەڭ دەرىجىلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلار ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئىتتىپاق كومىتېتلىرى ئىتتىپاقنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرىدۇر. ئىتتىپاقنىڭ ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرى

تەڭ دەرىجىلىك قۇرۇلتاي ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ.

(3) ئىتتىپاقنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، ئۇلار تەسىس قىلغان ۋاكالەت ئورگانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

(4) ئىتتىپاقنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرى تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ پىكرىنى دائىم ئاڭلاپ تۇرۇشى ھەمدە ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىشى لازىم؛ ئىتتىپاقنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ھەم يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلاردىن يوليورۇق سورىشى ۋە ئۇلارغا خىزمىتىدىن دوكلات بېرىشى، ھەم ئۆز مەسئۇلىيەت

دائىرىسىدىكى مەسىلىلەرنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇستەقىل ھەل قىلىشى لازىم. ئىتتىپاقىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ئىتتىپاق ئەزالىرىنى ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىدىن تېخىمۇ كۆپ خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭغا قاتناشتۇرۇشى كېرەك.

(5) ئىتتىپاقىنىڭ ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرىدا كوللېكتىپ رەھبەرلىك قىلىش بىلەن شەخسلەر ئىش تەقسىماتى بويىچە مەسئۇل بولۇشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ.

**11 ـ ماددا** ئىتتىپاقىنىڭ ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرى خىزمەت ئېھتىياجىغا قاراپ، مۇۋاپىق خىزمەت تارماقلىرىنى تەسىس قىلسا بولىدۇ. ئىتتىپاقىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىكتىن

يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرى ۋاكالەت ئورگىنى تەسىس قىلسا بولىدۇ.

ئىتتىپاقنىڭ ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلتايلىرى يېپىق مەزگىللەردە، تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتى زۆرۈر تاپسا، بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ئورتاق پىكىرگە كېلىپ، ئىتتىپاق تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇلىنى يۆتكىسە ياكى تەيىنلىسە بولىدۇ.

**12 ـ ماددا** ئىتتىپاقنىڭ ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە كومىتېتلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە، سايلىغۇچىلارنىڭ ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم. سايلامدا يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. نامزاتلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە دېموكراتىيەنى كەڭ جارى قىلدۇرۇپ، نامزات ئىسملىكىنى

تولۇق كېڭەشىش ۋە مۇزاكىرە قىلىش لازىم. نامزات سانى سايلىنىدىغانلار سانىدىن كۆپ بولىدىغان ئارتۇق نامزاتلىق سايلام چارىسى بىلەن بىۋاستە سايلام ئۆتكۈزۈشكىمۇ، ئارتۇق نامزاتلىق تەييارلىق سايلىمى ئارقىلىق نامزات ئىسىملىكىنى بارلىققا كەلتۈرۈۋېلىپ، تەڭ نامزاتلىق رەسمىي سايلام ئۆتكۈزۈشكىمۇ بولىدۇ. سايلىغۇچىلار نامزاتلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە، نامزاتلارنى ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىشقا، ھەرقانداق بىر نامزاتنى سايلىماسلىققا ۋە باشقا كىشىنى سايلاشقا ھوقۇقلۇق. ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ سايلىغۇچىلارنى مەلۇم كىشىنى سايلاش ياكى سايلىماسلىققا ھەرقانداق يول بىلەن زورلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

ئىتتىپاقنىڭ مەركىزي كومىتېتى ۋە

يەرلىك ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرىنىڭ ئەزالىرى، كاندىدات ئەزالىرى ئىچىدىكى ئىنتىپاق خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان مەخسۇس كادىرلار ئىنتىپاق خىزمەت ئورنىدىن يۆتكەلسە، ئۇنىڭ ئەزالىق ياكى كاندىدات ئەزالىق ۋەزىپىسىمۇ تەڭلا ئەمەلدىن قالىدۇ. كومىتېت ئەزالىرىنىڭ كەم قالغان سانى ئېرىشكەن ئاۋازىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ كاندىدات ئەزالاردىن تولۇقلىنىدۇ. قالدۇرۇش ۋە تولۇقلاشنى ئومۇمىي يىغىندا بېكىتىش كېرەك.

## **13 ـ ماددا** ئىنتىپاقنىڭ ناھىيە

دەرىجىلىك ۋە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كومىتېتلىرى زۆرۈر تېپىلغاندا ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىپ، قۇرۇلتايدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرنى

مۇھاكىمە قىلىسا ۋە قارار قىلىسا بولىدۇ. ۋەكىللەر يىغىنىدا كومىتېتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىنى تەگشەشكە ۋە كۆپەيتىپ سايلاشقا بولىدۇ. تەگشىلىدىغان ۋە كۆپەيتىپ سايلىنىدىغان كومىتېت ئەزالىرى ۋە كاندىدات ئەزالارنىڭ سانى شۇ دەرىجىلىك قۇرۇلتايدا سايلانغان ئەزالار ۋە كاندىدات ئەزالار ئومۇمىي سانىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ. ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىل سانى ۋە ئۇنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش چارىسىنى ۋەكىللەر يىغىنىنى چاقىرغۇچى كومىتېت بەلگىلەيدۇ.

**14 ـ ماددا** پۈتۈن ئىتتىپاققا دائىر ئومۇمىي خىزمەتلەرنى ئىتتىپاقنىڭ مەركىزىي كومىتېتى قارار قىلىدۇ ۋە بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللىرى ۋە باشقا تەشۋىقات قوراللىرى پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشى، ئىتتىپاقنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە شۇ دەرىجىلىك تەشكىلاتىنىڭ قارارلىرى ۋە خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى تەشۋىق قىلىشى، ياشلارنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى شەرت.

## 3 ـ باب ئىتتىپاقنىڭ مەركىزىي تەشكىلاتى

**15 ـ ماددا** ئىتتىپاقنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى 5 يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئۇنى مەركىزىي كومىتېت چاقىرىدۇ. ئالاھىدە

ئەھۋالدا، مۇددەتتىن ئىلگىرى ياكى كېچىكتۈرۈپ ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ.

مەملىكەتلىك قۇرۇلتاينىڭ ۋەكىل سانى ۋە ۋەكىللەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش چارىسىنى مەركىزىي كومىتېت بېكىتىدۇ.

**16 ـ ماددا** ئىتتىپاقنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى مۇنۇلار:

(1) مەركىزىي كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى تەكشۈرىدۇ ۋە تەستىقلايدۇ؛

(2) پۈتۈن ئىتتىپاقنىڭ خىزمەت فاڭجېنى، ۋەزىپىسى ۋە ئالاقىدار چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىدۇ ۋە قارار قىلىدۇ؛

(3) ئىتتىپاق نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزىدۇ؛

(4) مەركىزىي كومىتېتنى سايلايدۇ.

مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي يىپىق مەزگىلدە، مەركىزىي كومىتېت مەملىكەتلىك قۇرۇلتاينىڭ قارارلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ، ئىتتىپاقنىڭ پۈتكۈل خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ.

**17 ـ ماددا** ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى بىرقانچە دائىمىي ئەزانى سايلاپ، دائىمىي كومىتېت تەشكىل قىلىدۇ؛ بىر نەپەر 1 ـ شۇجى ۋە بىرقانچە نەپەر شۇجىنى سايلاپ چىقىپ، شۇجىچۇنى تەشكىل قىلىدۇ، مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىنى دائىمىي كومىتېت چاقىرىدۇ، يىلىغا ئاز دېگەندە بىر قېتىم ئۆتكۈزىدۇ. مەركىزىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىنى ۋە دائىمىي كومىتېت يىغىنى يىپىق مەزگىلدە، مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى شۇجىچۇ يۈرگۈزىدۇ.

# 4 ـ باب  ئىتتىپاقنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلىرى، ئازادلىق ئارمىيە ۋە قوراللىق ساقچى قىسىمدىكى ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى

**18 ـ ماددا** ئىتتىپاقنىڭ ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك قۇرۇلتايلىرى، رايون بار شەھەرلىك ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلىق قۇرۇلتايلىرى، ناھىيەلىك (خوشۇنلۇق)، ئاپتونوم ناھىيەلىك، رايونسىز شەھەرلىك ۋە شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق قۇرۇلتايلىرى 5 يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئادەتتە تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندىن كېيىنكى بىر يىل ئىچىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئىتتىپاقنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك

قۇرۇلتايلىرىنى شۇ دەرىجىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى چاقىرىدۇ. ئالاھىدە ئەھۋالدا، تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، مۇددەتتىن ئىلگىرى ياكى كېچىكتۈرۈپ ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ.

**19 ـ ماددا** ئىتتىپاقنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى مۇنۇلار:

(1) ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى تەكشۈرىدۇ ۋە تەستىقلايدۇ؛

(2) شۇ رايوندىكى ئىتتىپاق خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىدۇ ۋە قارار قىلىدۇ؛

(3) ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك

كومىتېتنى سايلايدۇ؛
(4) ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى ئىتتىپاق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى سايلايدۇ.
قۇرۇلتاي يىپىق مەزگىلدە، ئىتتىپاقنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتىنىڭ يوليورۇقى ۋە ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلىدۇ، ئۆز جايىنىڭ ئىتتىپاق خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ، ئىتتىپاقنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كومىتېتىغا ئۆز خىزمىتىدىن قەرەللىك دوكلات بېرىپ تۇرىدۇ.
**20 ـ ماددا** ئىتتىپاقنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى شۇ دەرىجىلىك كومىتېتنىڭ دائىمىي

كومىتېتىنى ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرىنى سايلايدۇ. ئىتتىپاقنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىنى دائىمىي كومىتېت چاقىرىدۇ، يىلىغا كەم دېگەندە بىر قېتىم ئۆتكۈزىدۇ. كومىتېت ئومۇمىي يىغىنى يىپىق مەزگىلدە، كومىتېتنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى دائىمىي كومىتېت يۈرگۈزىدۇ.

ئىتتىپاقنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلاتى تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى شەرت.

**21 ـ ماددا** جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ۋە جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسمىدىكى ئىتتىپاق خىزمىتى ئازادلىق ئارمىيە ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم سىياسىي

خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭغا مەركىزىي ھەربىي كومىتېت رەھبەرلىك قىلىدۇ. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ۋە جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىمدىكى ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى شۇ ئورۇندىكى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىتتىپاق نىزامنامىسى، «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ سىياسىي خىزمەت نىزامى» ۋە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە خىزمەت ئىشلەيدۇ.

## 5 ـ باب ئىتتىپاقنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى

**22 ـ ماددا** كارخانا، يېزا، ئىدارە ـ ئورگان، مەكتەپ، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى،

كوچا ـ مەھەللە، ئىجتىمائىي تەشكىلات، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ لىيەندۇيلىرى، خەلق قوراللىق ساقچى قىسىمىنىڭ جۇڭدۇيلىرى ۋە باشقا ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدا ئۇچتىن ئارتۇق ئىتتىپاق ئەزاسى بولسىلا، ئىتتىپاقنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىنى قۇرۇش كېرەك.

ئىتتىپاقنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىدا خىزمەت ئېھتىياجى ۋە ئىتتىپاق ئەزاسىنىڭ سانىغا قاراپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىتتىپاقنىڭ ئاساسىي قاتلام كومىتېتى، باش ياچېيكا كومىتېتى، ياچېيكا كومىتېتى تەسىس قىلىنىدۇ.

ئاساسىي قاتلام كومىتېتى ۋە باش ياچېيكىنىڭ قارىمىقىدا ياچېيكا قۇرۇلىدۇ.

خىزمەت ئېھتىياجى تۇغۇلغاندا، ئاساسىي قاتلام كومىتېتىنىڭ قارىمىقىدىمۇ باش ياچېيكا قۇرۇشقا بولىدۇ. بىر ياچېيكا قارىمىقىدا بىرقانچە گۇرۇپپا قۇرۇشقا بولىدۇ.

ياچېيكا كومىتېتى، باش ياچېيكا كومىتېتى ئىتتىپاق ئەزالىرى يىغىنىدا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، ھەر نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى 2 يىل ياكى 3 يىل بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار ياچېيكا كومىتېتىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى 1 يىل بولىدۇ. ئاساسىي قاتلام كومىتېتى ئىتتىپاق ئەزالىرى يىغىنى ياكى قۇرۇلتىيىدا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، ھەر نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى 3

يىلدىن 5 يىلغىچە بولىدۇ، ئادەتتە تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بىلەن بىردەك بولىدۇ.

**23 ـ ماددا** ئىتتىپاقنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىنى تەسىس قىلىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش كېرەك، پارتىيە تەشكىلاتى ۋە مەمۇرىي ئىشتاتقا پۈتۈنلەي مۇناسىپ بولۇپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ. ئىتتىپاق تەشكىلاتىنى كوچا ـ مەھەللە، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك تەشكىلاتى، ئىجتىمائىي تەشكىلات قاتارلىق ئورۇن ۋە ساھەلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە، ئىتتىپاق ئەزاسى ياشلارنىڭ كۆچۈش، جايلىشىش ۋە توپلىشىش ئالاھىدىلىكىگە لايىقلاشقان ھالدا جانلىق تەسىس قىلىش لازىم.

**24 ـ ماددا** ئىتتىپاقنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى ـــ ئىتتىپاقنىڭ خىزمەت ۋە پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسىي بىرلىكى، شۇڭا ئۇ ياشلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە تەربىيەلەشتىكى يادرولۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى مۇنۇلار:

(1) ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنى ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى ۋە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى، پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى، ئىتتىپاق نىزامنامىسى ۋە ئىتتىپاقنىڭ ئاساسىي بىلىملىرىنى، پەن ـ

مەدەنىيەت، قانۇن ۋە كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرىدۇ.

(2) پارتىيە ۋە ئىتتىپاق تەشكىلاتىنىڭ يوليورۇق، قارارلىرىنى تەشۋىق قىلىدۇ ۋە ئىجرا قىلىدۇ، دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە دېموكراتىك نازارەت قىلىشقا قاتنىشىپ، ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىلغار - نەمۇنىچىلاردىن بولۇشقا پائال ئىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ، ياشلارنى ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىشقا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، سىياسىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشىدۇ.

(3) ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارغا ئىنقىلابىي ئەجدادلاردىن ئۆگىنىپ، پارتىيەنىڭ ئىپىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئەخلاق ـ پەزىلەتنى جارى قىلدۇرۇپ، تور ئاساسىي مىلودىيەسىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئۇيغۇن يېڭى نۇقتىئىنەزەرلەرنى تۇرغۇزۇپ، ناچار خاھىشلارغا ئاڭلىق قارشى تۇرۇپ، قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىدۇ.

(4) ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنىڭ ئىدىيەسى ۋە تەلپىنى ئىگىلەپ ۋە ئەكس ئەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ، ئۆگىنىش، خىزمەت، تۇرمۇش ۋە

دەم ئېلىشىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ، مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرىدۇ.

(5) ئىتتىپاقىقا كىرىشنى تەلەپ قىلغان ياشلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرىدۇ، ئىتتىپاققا ئەزا قوبۇل قىلىشقا دائىر دائىملىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەيدۇ، ئەزالىق بەدىلى يىغىدۇ، يېشى ئېشىپ كەتكەن ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ ئىتتىپاقتىن چېكىنىش رەسمىيىتىنى بېجىرىدۇ.

(6) ئىتتىپاق ئەزالىرىنى تەربىيەلەيدۇ، باشقۇرىدۇ ۋە ئۇلارغا مۇلازىمەت قىلىدۇ، ئىتتىپاقنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ، «ئۈچ يىغىن، ئىككى تۈزۈم، بىر دەرس» تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى قانات

يايدۇرىدۇ، ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىشىنى نازارەت قىلىدۇ، ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقىنىڭ دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، ئىلغارلارنى تەقدىرلەيدۇ، ئىتتىپاق ئىنتىزامىنى ئىجرا قىلىدۇ.

(7) ئىتتىپاق ئەزالىرىغا پارتىيەگە دائىر ئاساسىي بىلىملەردىن تەربىيە بېرىپ، مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزالىرىنى پارتىيەگە قوبۇل قىلىش ئوبيېكتىلىقىغا تەۋسىيە قىلىدۇ؛ ياشلار ئارىسىدىكى مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارنى بايقاپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەتتىكى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنلارغا تونۇشتۇرىدۇ.

**25 ـ ماددا** ئىتتىپاق ياچېيكىسى ئىتتىپاقنىڭ ئۇل تەشكىلاتى بولۇپ، ئىتتىپاق

ئەزالىرىنى بىۋاستە تەربىيەلەش، باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش ۋە ياشلارنى تەشكىللەش، ياشلارغا تەشۋىق قىلىش، ياشلارنى ئۇيۇشتۇرۇش، ياشلارغا مۇلازىمەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

**26 ـ ماددا** يۇقىرى دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتى خىزمەتنى جانلىق ئىشلەپ كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنى مۇكاپاتلىشى كېرەك.

مۇكاپاتلاش مۇنداق بولىدۇ: ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلەش، ئىتتىپاقنىڭ مەركىزىي كومىتېتى، ئۆلكە، شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك كومىتېتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كومىتېتلىرى 4 ـ ماي قىزىل

بايـراقـدار ئىتتىـپـاق تـەشـكـىلاتـى دەپ نـام بېرىدۇ.

## 6 ـ باب ئىتتىپاق كادىرلىرى

**27 ـ ماددا** ئىتتىپاق كادىرلىرى ئىتتىپاق خىزمىتىنىڭ تايانچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، غايە ـ ئېتىقادىنى چىڭىتىپ، ياشلارنى قەلبىگە پۈكۈپ، خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ياخشى ئىستىل يېتىلدۈرۈشى شەرت. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى كادىرنى پارتىيە باشقۇرۇش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش، ئەخلاقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا، ھەر يەر ـ ھەر يەردىن بولۇش، ياخشىلارنىلا ئىشقا قويۇشتا، ئىشلىرىمىزنى ئەلا بىلىپ، ئادىل ـ دۇرۇس

بولۇشنا چىڭ تۇرۇپ، «تايانچلارنى ساقلاپ قېلىش، پىشقان كادىرلارنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش» بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىتتىپاق كادىرلىرى قوشۇنىنى تىرىشىپ ئىنقىلابىيلاشتۇرۇپ، ياشلاشتۇرۇپ، زىيالىيلاشتۇرۇپ ۋە كەسىپلەشتۈرۈپ، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ھاياتىي كۈچكە تولغان ئىتتىپاق كادىرلىرى قوشۇنى قۇرۇپ چىقىشى شەرت.

**28 ـ ماددا** ئىتتىپاقنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىري كادىرلىرى سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان، ئېتىقادچان، خەلقچىل، تىرىشچان ـ ئەمەلىيەتچىل، دادىل، پاك ـ دىيانەتلىك

بولۇپ، ئىنتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارغا ئۈلگە بولۇپ، ئىنتىپاق ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئادا قىلىپ، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، دادىل ئىجاد قىلىپ، ئاڭلىق تۆھپە قوشۇپ، پارتىيەنى خاتىرجەم، ياشلارنى رازى قىلىدىغان كادىرلاردىن بولۇشى كېرەك.

(1) سىياسىي جەھەتتە قەتئىي بولۇشى كېرەك. ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى جەھەتتە مۇئەييەن سەۋىيەگە ئىگە بولۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى باشلامچىلىق بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، غايە

بايرىقىنى جەۋلان قىلدۇرۇپ، ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە فاڭجېنى ـ سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا ئىرادە باغلاپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلىشى كېرەك.

(2) قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشى كېرەك. سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تارىخ، قانۇن، پەن ـ تېخنىكا ۋە زامانىۋى باشقۇرۇش بىلىملىرىنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىپ، كىتابتىن، ئەمەلىيەتتىن، ياشلاردىن ئۆگىنىپ، ياشلار ئاممىۋى خىزمىتى ئىقتىدارىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي سەۋىيەسى ۋە ئەمەلىي خىزمەت

ئىقتىدارىنى ئۆزلۈكسىز ئاشۇرۇشى كېرەك.

(3) خىزمەتتە تىرىشچان بولۇشى كېرەك. كۆچلۈك ئىنقىلابىي كەسىپچانلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقتا ئىگە بولۇشى، پىكىر يۈرگۈزۈشكە ماھىر، يېڭىلىق يارىتىشتا دادىل بولۇشى، قىيىنچىلىققا پىسەنت قىلماي ئالغا ئىلگىرىلىشى، ياشلار ئارىسىدا خىزمەتنى ئاكتىپلىق ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن قانات يايدۇرۇپ، تىرىشىپ ئەمەلىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم.

(4) ئىستىلدا تەلەپچان ۋە راستچىل بولۇشى كېرەك. جۇشقۇن، روھلۇق، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان، دېموكراتىيەنى جارى قىلدۇرىدىغان، ئۆيلاشقا، ئىشلەشكە جۈرئەت قىلالايدىغان بولۇشى،

ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى، راست گەپ قىلىپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، ئۈنۈمگە ئېتىبار بېرىشى، شەكىلۋازلىق، بىيۇروكراتلىق، راھەتپەرەسلىك ۋە ھەشەمەتچىلىككە قارشى تۇرۇشى، ياشلار بىلەن بىۋاستە ئالاقە باغلاشتا باشلامچى بولۇشى، ياشلارغا قىزغىن مۇلازىمەت قىلىشى، ياشلارنىڭ سىرداش دوستى بولۇشى لازىم.

(5) ئىپىل پەزىلەتلىك بولۇشى كېرەك. ئومۇمىيەتكە ئېتىبار بېرىشى، ئادىل ـ دۇرۇس بولۇشى، يولداشلار بىلەن ئىتتىپاق ئۆتۈشى، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىشى، سەمىمىي، كەمتەر، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشى، ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىش روھى بولۇشى، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە

ياشلارنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى كېرەك.

**29 ـ ماددا** ئىتتىپاقنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيەنىڭ ئىتتىپاق كادىرلىرىنى باشقۇرۇشىغا ياردەملىشىش مەسئۇلىيىتى بار. ئۇلار ئىتتىپاق كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، تەربىيەلەش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كادىر مەنبەسى ۋە يوللىرىنى كېڭەيتىپ، كادىرلارنى ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەڭ ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان جايلاردا، ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىدە ۋە قىيىنچىلىقى بار جاپالىق جايلاردا چېنىقتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى؛ مۇنتىزىم تەربىيەلەش تۈزۈمى ئورنىتىپ، ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق مەكتەپلىرىنى ياخشى باشقۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتىن تەربىيەلەشنى

گەۋدىلەندۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ياشلار خىزمىتى ساھەسىدىكى روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە سىياسىي مەكتەپلىرىنى قۇرۇپ چىقىشى؛ ئىتتىپاق كادىرلىرىنى سىناش، نازارەت قىلىش ۋە جاۋابكارلىق سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈملىرىنى ئورنىتىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى؛ تۆۋەن دەرىجىلىك ياكى تەڭ دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى سايلاش توغرىسىدا ئالاقىدار پارتكوم ۋە ئىتتىپاق كومىتېتلىرىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن نامزات كۆرسىتىشى، ئىتتىپاق كادىرلىرىنى يۆتكەش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىشى لازىم.

ئىتتىپاقنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ئىتتىپاق كادىرلىرىنىڭ خىزمەت، ئۆگىنىش، تۇرمۇش ۋە ئارام ئېلىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىغا تىرىشىپ

ياردەم بېرىپ، ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە كەسىپ ئالماشتۇرۇشى ئۈچۈن پائال شارائىت يارىتىپ بېرىشى لازىم.

ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى خىزمەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان ئىتتىپاق كادىرلىرىنى تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشى لازىم.

**30 ـ ماددا** ئىتتىپاق كادىرلىرى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ خىزمەت ئومۇمىيىتىنى ئەستايىدىل ئىگىلەپ، ئىتتىپاقنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن دوكلات قىلىپ، ئاكتىپلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن پىكىر بايان قىلىپ، پارتىيە تەشكىلاتى تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئىتتىپاق خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئىجادىي ئورۇنلىشى لازىم.

## 7 ـ باب ئىنتىپاق ئىنتىزامى

**31 ـ ماددا** ئىنتىپاق ئىنتىزامى ــ ئىنتىپاقنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ۋە بارلىق ئىنتىپاق ئەزالىرى جەزمەن ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ھەرىكەت مىزانى، شۇنداقلا ئىنتىپاقنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئىنتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىنى قوغداپ، پارتىيە تاپشۇرغان مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچنى ئادا قىلىشنىڭ كاپالىتى. ئىنتىپاق تەشكىلاتلىرى ئىنتىپاق ئىنتىزامىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى ۋە قوغدىشى شەرت، كوممۇنىستىك ياشلار ئىنتىپاقىنىڭ ئەزالىرى ئىنتىپاق ئىنتىزامىنىڭ چەكلىمىسىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى شەرت.

**32 ـ ماددا** ئىتتىپاق تەشكىلاتى ئىتتىپاق ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغان ئىتتىپاق ئەزالىرىغا ئۆتمۈشتىكىدىن ساۋاق ئېلىپ كېيىنكىگە ئىبرەت قىلىش، كېسەلنى داۋالاپ ئادەمنى قۇتقۇزۇش روھى بويىچە تەنقىد ۋە ياردەم بېرىشى، قىلمىشى ئېغىرلىرىغا ئىنتىزام جازاسى بېرىشى كېرەك.

**33 ـ ماددا** ئىتتىپاق ئەزالىرىغا بېرىلىدىغان ئىنتىزام جازاسى بەش خىل بولىدۇ: ئاگاھلاندۇرۇش، قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش، ئىتتىپاق ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش، ئىتتىپاقتا قالدۇرۇپ سىناش، ئىتتىپاقتىن قوغلاش.

ئىتتىپاقتا قالدۇرۇپ سىناش ۋاقتى 6 ئاي ياكى 1 يىل بولىدۇ. ئىتتىپاقتا قالدۇرۇپ سىناش مەزگىلىدە، ئىتتىپاق ئەزاسىنىڭ

سايلاش هوقۇقى، سايلىنىش هوقۇقى ۋە ئاۋاز بېرىش هوقۇقى بولمايدۇ، ئىتتىپاققا كىرىدىغان ياشلارغا تونۇشتۇرغۇچى بولۇشىغا بولمايدۇ. ئىتتىپاقتا قالدۇرۇپ سىناش مۇددىتى توشقانلاردىن خاتالىقىنى تۈزەتكەنلىرىنىڭ مەزكۇر هوقۇقلىرىنى ۋاقتىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك؛ تۈزەتمەي خاتالىقىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلىرىنى ئىتتىپاقتىن قوغلاش لازىم.

**34 ـ ماددا** ئىتتىپاق ئەزالىرىغا بېرىلىدىغان ئىنتىزام جازاسىنى ياچېيكا يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاپ، ئىتتىپاقنىڭ ئاساسىي قاتلام كومىتېتىغا تەستىقلىتىش شەرت؛ تەستىقلانغاندىن كېيىن، تەڭ دەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام پارتىيە كومىتېتىغا ئەنگە ئالدۇرۇش لازىم.

ئالاھىدە ئەھۋالدا، ناھىيە دەرىجىلىك ۋە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق كومىتېتلىرى ئىتتىپاق ئەزالىرىغا ئىنتىزام جازاسى بېرىشنى بىۋاستە قارار قىلىشقا ھوقۇقلۇق؛ چېتىشلىق مەسىلىسى بىر قەدەر مۇھىم ياكى مۇرەككەپ بولسا، ياكى ئىتتىپاق ئەزاسىغا ئىتتىپاقتىن قوغلاش جازاسى بېرىشكە توغرا كەلسە، ئىتتىپاقنىڭ ئۆلكە دەرىجىلىك كومىتېتى ياكى مەركىزىي كومىتېتىغا تەستىقلىتىش شەرت.

**35 ـ ماددا** ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ئىتتىپاق ئەزالىرىغا جازا قارارى چىقىرىشتا، ئەستايىدىل ۋە ئېھتىياتچان بولۇشى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىشى شەرت. ياچېيكا يىغىنى ئىتتىپاق ئەزالىرىغا بېرىلىدىغان جازانى مۇزاكىرە قىلىپ قارار چىقىرىشتا،

ئالاھىدە ئەھۋالنى ھېسابقا ئالمىغاندا، جازالانغۇچىنى قاتناشتۇرۇپ، ئۇنىڭ پىكرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىشى لازىم؛ قارار چىقىرىلغاندىن كېيىن، جازالانغۇچى قايىل بولمىسا، ئەرز سۇنسا بولىدۇ، مۇناسىۋەتلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتى ئەرزنى مەسئۇللۇق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشى ياكى باستۇرۇپ قويماي تېز يەتكۈزۈپ بېرىشى شەرت؛ خاتا پىكىردە ۋە يولسىز تەلەپتە چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى ھەقىقەتەن ئېنىق بولغانلارغا تەنقىد ـ تەربىيە بېرىشى كېرەك.

**36 ـ ماددا** ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ئىتتىپاق ئىنتىزامىنى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىسا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشى لازىم.

# 8 ـ باب ئىتتىپاق بايرىقى، ئىتتىپاق بەلگىسى، ئىتتىپاق شېئىرى

**37 ـ ماددا** جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ بايرىقى قىزىل رەڭلىك بولۇپ، ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىگە سىمۋول قىلىنغان؛ سول تەرەپ يۇقىرى بۇرجىكىگە بەش بۇرجەكلىك سېرىق يۇلتۇز چۆشۈرۈلۈپ، ئەتراپى سېرىق چەمبىرەك بىلەن ئورالغان بولۇپ، جۇڭگو ياش ئەۋلادلىرىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشقانلىقىغا سىمۋول قىلىنغان.

**38 ـ ماددا** جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ بەلگىسىگە ئىتتىپاق بايرىقى، چىشلىق چاق، باشاق، يېڭى

كۆتۈرۈلگەن قۇياش ۋە ئۇنىڭ نۇرى، «جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى» دېگەن خەت يېزىلغان لىنتا چۇشۇرۇلگەن. بۇ — كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ھەر مىللەت ياشلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، پارتىيە كۆرسەتكەن يۆنىلىشكە قاراپ باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىغا سىمۋول قىلىنغان.

**39 ـ ماددا** جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاق شېئىرى — «ئېھ، شەرەپلىك جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى».

**40 ـ ماددا** جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ بايرىقى، بەلگىسى ۋە شېئىرى — جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار

ئىتتىپاقىنىڭ سىمۋولى ۋە بەلگىسىدۇر. ئىتتىپاق بايرىقى، ئىتتىپاق بەلگىسى، ئىتتىپاق شېئىرىنى بەلگىلەپ بويىچە تەييارلاش ۋە ئىشلىتىش كېرەك.

## 9 ـ باب ئىتتىپاق خىراجىتى

**41 ـ ماددا** ئىتتىپاق خىراجىتىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى مۇنۇلار: ئىتتىپاق ئەزالىرى تاپشۇرغان ئىتتىپاق بەدىلى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت شۇنىڭدەك كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئىشلىرى مەخسۇس خىراجىتى ۋە ئىتتىپاق خىزمىتى خىراجىتى، يوللۇق ئىجتىمائىي ياردەم ۋە ئىتتىپاق تەشكىلاتىنىڭ باشقا قانۇنلۇق كىرىملىرى.

**42 ـ مادda** ئىتتىپاق بەدىلىنى تاپشۇرۇش ۋە ئىشلىتىش چارىسىنى مەركىزىي كومىتېت بىر تۇتاش بەلگىلەيدۇ.

## 10 ـ باب ئىتتىپاقنىڭ پىيونېرلار ئەترىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

**43 ـ ماددا** جۇڭگو پىيونېرلار ئەترىتى — جۇڭگو ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتى، ئۆسمۈرلەرنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمنى ئۆگىنىدىغان مەكتىپى، شۇنداقلا سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم قۇرۇشنىڭ زاپاس قوشۇنى. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى «پۈتۈن ئىتتىپاق پىيونېرلار ئەترىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش» ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، پىيونېرلار ئەترىتى

تەشكىلاتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك خىزمەت ئاپپاراتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پىيونېرلار ئەترىتى تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پىيونېرلار ئەترىتىنىڭ تەشكىلىي تەربىيە، خاس تەربىيە ۋە ئەمەلىيەت پائالىيەتلىرىنى ئىجادىي قانات يايدۇرۇشنى قوللاپ، ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى قوغدىشى ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۆسمۈرلەرنى سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە كوممۇنىستىك روھ ئارقىلىق تەربىيەلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۇلارنى پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ياخشى ئۆگىنىپ كۈنسېرى يۇقىرى ئۆرلەپ، ئادەم بولۇش، ئىرادە تىكلەش ۋە ئىجاد قىلىشنى كىچىكىدىن باشلاپ ئۆگىنىپ، ۋەتەننى، خەلقنى، ئەمگەكنى، ئىلىم ـ پەننى، سوتسىيالىزمنى سۆيۈپ، بەدەن چېنىقتۇرۇپ،

ئىقتىدار يېتىلدۈرۈپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلدە كۆرسىتىپ، تىرىشىپ مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ئۇلۇغ ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالالايدىغان يېڭى دەۋر كىشىلىرىدىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ، كوممۇنىزم ئىشلىرىنىڭ ئىزباسارى بولۇشقا يېتەكلىشى لازىم.

ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرى پىيونېرلارنى ئىتتىپاققا كىرىشتىن بۇرۇن تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىشى، پىيونېرلار ئەترىتى تەشكىلاتلىرى مۇنەۋۋەر پىيونېرلارنى ئىتتىپاققا قوبۇل قىلىش ئوبيېكتلىقىغا پائال تونۇشتۇرۇشى كېرەك.

**44 ـ ماددا** ئىتتىپاق تەشكىلاتى مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزالىرىنى پىيونېرلار

ئەتىرىتنىڭ تەربىيەچىسى بولۇشقا ئەۋەتىدۇ ياكى ئىدىيەسى ئىلغار، ئىستىلى دۇرۇس، بىلىمى مول، ئۆسمۈرلەرنى قىزغىن سۆيىدىغان ئوقۇتقۇچى، ئىلغار شەخس شۇنىڭدەك باشقا خادىملارنى تەربىيەچىلىككە تەكلىپ قىلىدۇ ھەمدە ئۇلارغا ئىدىيە، خىزمەت، تۇرمۇش جەھەتتە غەمخورلۇق قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان تەربىيەچىلەر ۋە پىيونېرلار ئەترىتى خىزمەتچىلىرىنى تەقدىرلەش ۋە مۇكاپاتلاش لازىم.